# ئەسلىي مەقسەتنى بىپايان زېمىندا مەڭگۈ ساقلاش

(بېشى 3 - بەتتە)

ئەزەلدىن مەردانە بولۇپ جان ساقلاشنىڭ كويىدا بولماسلىق، پارتىيەگە ئۆزىنى بېغىشلاش، خەلقنى كۆزلەپ ھەممە ئىشنى ئاسان دەپ بىلىش. ۋاڭ ۋېي پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسىدا «ھەرگىزمۇ ئازراق سىياسىي دەسمايىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەس، ئەمەلىمنى ئۆستۈرۈپ بېيىش ئۈچۈنمۇ ئەمەس» دەپ يازغان؛ چېن جەنفاڭ جەڭ مەيدانىدا يىقىلغان بولۇپ، يانچۇقىدىكى پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسىدا 16 پاي ئوق ئىزى قالغان؛ فەن جىنزى، زېڭ خۇيشياڭ قاتارلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قەھرىمانلىرى پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسىدا ئېتىقادقا بولغان ئىزاھلاشنى قالدۇرغان.

«كوممۇنىزم ئۈچۈن ئاداققىچە كۈرەش قىلىمەن» — بۇ تەنتەنىلىك ۋەدە جۇڭگو زېمىنىدا ئىزچىل ئەكس سادا ياڭراتتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى پات ئارىدا 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈنىنى كۈتۈۋالىدىغان پەيتتە، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى پۈتۈن پارتىيەدە قىزغىن قانات يايدۇرۇلدى. ئىنقىلابىي قۇربان چيۇ شاۋيۈن خاتىرە سارىيىدا، زۇنيى يىغىنى ئېچىلغان جايدا، چىڭخەي ئۆلكىسى شىنىڭ شەھىرى جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسى غەربىي يۈرۈش ئارمىيەسى خاتىرە سارىيىدىكى غەربىي يۈرۈش ئارمىيەسىنىڭ ھەيكىلى ئالدىدا... پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى تەكرارلىغاندىكى قەسەم ساداسى ئالغا ئىلگىرىلەش غايىسى ۋە ئېتىقادىنى چىڭىتتى.

ئەسلىي مەقسەتنى مەڭگۈ ساقلاشتا، قىزىل گېننى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

«كۆپچىلىكنىڭ جېڭيۆ باشلانغۇچ مەكتىپىمىزنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشنى قارشى ئالىمىز! 1941 - يىلى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى يېرىم كېچىدە، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىدىن سۇي جېڭيۆ، ما ۋېنلياڭ، مېڭ چاڭيۇ مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى، خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن، فېئودال مىلىتارىست ما خۇڭكۈينىڭ جاللاتلىق قىلمىشى ئالدىدا ئۆلسىمۇ تىز پۈكمەي، بىزنىڭ مەكتەپ ئىچىدە باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولغان...»

مەكتەپنىڭ كىچىك چۈشەندۈرگۈچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، 11 ياشلىق دۇ يۈتۇڭ ئۆگىنىشتىن باشقا ۋاقىتلىرىدا ئۈچ ئىنقىلابىي قۇربان خاتىرە سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى كەلگەن مېھمانلار ۋە مەكتەپىدىكى ساۋاقداشلىرىغا دائىم ئۈچ قەھرىماننىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

«بىزنىڭ ھازىرقى بەختلىك تۇرمۇشىمىز ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن، ئۇلارنىڭ باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى مەڭگۈ رەڭگى ئۆچمەيدىغان بايراققا ئوخشاش بىزنىڭ جېڭيۆدىكى ئوقۇغۇچىلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ كەلمەكتە، ھازىر ياخشى ئوقۇپ، چوڭ بولغاندا ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرىمىز» دېدى دۇ يۈتۇڭ.

شيا مىڭخەن، دۇڭ سۇنرۇي، ۋاڭ جىنشى، زوۋ يىخۇا، خۇاڭ ۋېنشيۇ... ئالدىنقىلىرى يىقىلسا كېيىنكىلىرى ئىزىنى باسقان قەھرىمانلار - قۇربانلار 100 يىللىق پارتىيەنىڭ شانلىق تارىخىنى يارىتىپ، پارتىيە قۇرۇش، پارتىيەنى گۈللەندۈرۈش، پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى مول ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىدى، شۇنداقلا ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىگە «قىزىل ئۇرۇق» چاچتى.

ئەسلىي مەقسەتنى مەڭگۈ ساقلاشتا، يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەر يولىدا ياخشى مېڭىش كېرەك.

چىڭمىڭ، شىمالىي گۇاڭشى. تاغلار ئارىسىدىكى ئېقىن بويىدا قىزىل ئارمىيە قەبرىلىرى ئادەتتىن تاشقىرى سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

1934 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 12 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي قىزىل ئارمىيەنىڭ ئاساسىي كۈچىنىڭ شياڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ قىزىل ئارمىيەنى شياڭجياڭ دەرياسىنىڭ شەرقىدە قورشاپ يوقىتىش غەرىزىنى بىتچىت قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، نەچچە ئون مىڭ قىزىل ئارمىيە ئوفىتسېر - ئەسكىرى دۈشمەننى باتۇرلۇق بىلەن ئۆلتۈرۈپ، زېمىننى قىپقىزىل قانغا بويىدى.

ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان شىمالىي گۇاڭشىدىكى تاغلىق رايون بۈگۈنكى كۈندە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، باشقىچە يېڭى مەنزىرىنى كۈتۈۋالدى:

قىزىل ئارمىيەنىڭ ئىلگىرىكى گۇەنياڭ، چۈەنجوۋدىن ئىبارەت ئىككى ناھىيەگە كىرىش لىنىيەسى بىلەن جىپسىلىشىش دەرىجىسى 80%تىن ئاشىدىغان گۇەنياڭ - فېڭخۇاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىدا 2015 - يىلى قاتناش باشلىنىپ، كونا ئىنقىلابىي رايوندىكى خەلققە تېخىمۇ كۆپ بەخت - سائادەت ئېلىپ كەلدى؛

شىنشۇ توسۇپ زەربە بېرىش جېڭى بولغان گۇەنياڭ ناھىيەسىنىڭ شىنشۇ بازىرى خېمۇ كەنتىدە، گۇەنياڭ - فېڭخۇاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىنى باشلاپ كېلىپ، شۇ جايدىكى ئالۇچا، تاۋۇز قاتارلىق مېۋە - چېۋىلەرنىڭ تېز سېتىلىشىغا تۈرتكە بولدى؛

خۇاجياڭ يېزىسىنىڭ گاۋجەي كەنتىدىكى لياڭجياجەيگە كىرسىڭىز، بامبۇكلار لىپىلداپ تۇرىدۇ، ئېرىق سۈيى سۈپسۈزۈك بولۇپ، ياۋزۇ مىللىتى ئالاھىدىلىككە ئىگە ئولتۇراق ئۆيلەر گىرەلىشىپ كەتكەن، قىزىل مەدەنىيەت مەيدانى، تېرىقچىلىق كۆرگەزمە رايونى قاتارلىقلار ئۆزگىچە تۈسكە ئىگە؛

......

800 چاقىرىم يىراقلىقتىكى يىمېڭ، ھەيۋەتلىك 72 تىك يار ئەتراپىدا، ئىلگىرى مىليونلىغان خەلق ئارمىيەنى ھىمايە قىلىپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بەرگەن، يۈز مىڭلىغان قەھرىمان - قۇرباننىڭ قېنى جەڭ مەيدانىغا تۆكۈلگەن.

بۈگۈنكى كۈندە، ئارمىيە ۋە خەلق قان بىلەن گۆشتەك يۇغۇرۇلۇپ، ھايات - ماماتتا بىللە بولۇپ بارلىققا كەلتۈرگەن يىمېڭ روھىغا داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىنماقتا، ئەجدادلارنىڭ خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ھېسسىياتى، ئىدىيەسى يېڭى بىر ئەۋلاد كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قان تومۇرى، گېنىغا چوڭقۇر سىڭدى.

شەندۇڭنىڭ لىنيى شەھىرى لەنلىڭ ناھىيەسى دەيسۇن كەنتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، «دەۋر نەمۇنىچىسى» ۋاڭ چۈەنشى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىشى، ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا زور كۈچ بىلەن ئىلھام بېرىپ، مەدەت بېرىپ، خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەپ، كەنتنى كۈچەيتىپ، خەلقنى بېيىتىش يولىنى ئاچتى.

«ھەربىر ئەۋلاد كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئۇزۇن سەپەر يولىدا ياخشى مېڭىشى كېرەك. يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا، بىز كۈچ ئۇلاپ ئىشلىشىمىز كېرەك.» ۋاڭ چۈەنشىنىڭ تەلەپپۇزى قەتئىي ئىدى. كەنتنىڭ بارغانسېرى گۈزەللىشىشى ئۇنىڭ ۋە بارلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئارزۇسى ئىدى.

ماركس «بىزنىڭ ئىشلىرىمىز بىر مەھەل كۆزگە چېلىقمايدۇ، لېكىن مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ» دېگەنىدى. ئىرادىلىك باشلامچىلار مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى ئەۋلادمۇئەۋلاد ساقلىنىپ، مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

قەھرىمانلار يالغۇز قالمايدۇ، ئەسلىي مەقسەت كىشىلەر ئارىسىدا داۋاملىشىدۇ.

چىڭمىڭدىكى قەبرە يوقلاش سۈپۈرۈش قوشۇنى جياڭشىنىڭ رۈيجىن يېپىڭدىكى قىزىل ئارمىيە ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارى ئالدىدا ئۇزۇن سەپ تۈزدى. خاتىرە مۇنارىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى چىملىققا چوڭ قىلىپ مۇنداق خەتلەر يېزىلغان ——

«ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قان ئىزىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەيمىز!»

**(يېزىشقا قاتناشقانلار: ياڭ ۋېن، ۋۇ خۇيىلىڭ، جەي يۈڭگۈەن، لى فەن)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# پاختا شىنجاڭ پۇقرالىرىنىڭ «ھەقىقىي بايلىقى»

□ ئاقتۇ ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كادىرى باتۇر خۇداۋەدى

يېقىندا، تور ئارقىلىق H&M گۇرۇھى قاتارلىق بىر قىسىم چەت ئەل ماركىلىرى سودىگەرلىرى ۋە بەزى خەلقئارا كەسپىي تەشكىلاتلارنىڭ «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش»نى باھانە قىلىپ، شىنجاڭ پاختىسى ۋە ئالاقىدار مەھسۇلاتلارنى توسقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن بىمەنە ھېس قىلدىم!

بۇ چەت ئەل كارخانىلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىنىڭ شىنجاڭ پاختىسىدا «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» مەۋجۇت، دەپ ئەيىبلىشى پۈتۈنلەي تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەنلىك، قىلچە تۆۋەن چېكى يوق پىتنە - ئىغۋا! ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىزنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش - كەچۈرەلمەسلىكىمىزگە كۆڭۈل بۆلۈش بولماستىن، بەلكى «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش» سىياسىي سۇيىقەستىنى قوللىنىش ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەشكە ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت، ئۇلار بىزنىڭ خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىزنى خالىمايدۇ.

شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن كېۋەز تېرىش، پاختا يىغىش، سېتىش، پىششىقلاش قاتارلىق پۈتكۈل جەريانغا نىسبەتەن ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. مەن كېۋەز تېرىشقا ئۆزۈم قاتنىشىپلا قالماي، يەنە يۇرتداشلارنىڭ كېۋەز تېرىش ئارقىلىق كىرىمىنىڭ كۆپەيگەنلىكىگە، تۇرمۇشىنىڭ بېيىغانلىقىغا گۇۋاھ بولدۇم.

شىنجاڭ ئۆزگىچە تەبىئىي شارائىتقا ئىگە، قۇياش نۇرى يېتەرلىك، كېۋەز تېرىشقا ئالاھىدە ماس كېلىدۇ، كېۋەز دېھقانلارنىڭ چوڭقۇر ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن يۇقىرى كىرىملىك زىرائەت. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كېۋەز سورتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشى ۋە كۆلەملەشتۈرۈپ تېرىلىشىغا ئەگىشىپ، پاختىكارلارنىڭ كىرىمى سىجىل ئاشتى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بىزنىڭ بىر كەنتتىكى 80%تىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسى كېۋەز تېرىيدىغان بولۇپ، ھەربىر ئائىلىنىڭ كېۋەز تېرىشتىنلا قىلىدىغان يىللىق كىرىمى 60 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىكەن.

شىنجاڭنىڭ پاختىسىنى توسقان چەت ئەل كارخانىلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىدىن شۇنى سوراپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ، مۇشۇنداق ياخشى ئىقتىسادىي زىرائەت باشقىلارنىڭ مەجبۇرىي تېرىتقۇزۇشىغا ئېھتىياجلىقمۇ؟ جاۋابى شۇكى، گۇمانلىنىش ھاجەتسىز. كۆپچىلىكنىڭ ئۆزىنىڭ يېرىنى تېرىپ، ئۆز پاختىسىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ پۇلىنى تېپىشى پۈتۈنلەي ئۆز ئىختىيارلىقىدا، ھەرقانداق «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. شىنجاڭنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشى خېلى بۇرۇنلا يۈكسەك دەرىجىدە ماشىنىلاشقان بولۇپ، كېۋەز تېرىشتا ئەقلىي ئىقتىدارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىشلىتىلىدۇ، پاختا يىغىشتا پاختا يىغىش ماشىنىسى ئىشلىتىلىدۇ، سېتىشتا يول بار، پىششىقلاشتا زاۋۇت ئۆيى بار، پۇقرالار پاختا ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ھەقىقىي بايلىققا ئېرىشىدۇ.

پاكىت مەڭگۈ پاكىت، ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر ئويدۇرۇپ چىقارغان يالغان - ياۋىداق سۆزلەر ھەقىقىي ئەھۋال ۋە پاكىت ئالدىدا مۇقەررەر ئۆزلۈكىدىن بىتچىت بولىدۇ. مەن ئاشۇ يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقارغان سىياسەتۋازلار ۋە تەشكىلاتلارغا شۇنى دېمەكچىمەنكى، رەزىل غەرەزىڭلارنى يىغىشتۇرۇۋېلىڭلار، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات قەدىمى، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات قەدىمى سىلەرنىڭ بوھتان چاپلىشىڭلار، قارا چاپلىشىڭلار بىلەن توختاپ قالمايدۇ!

### خوتەن تۈلپار توقۇلما بۇيۇملار چەكلىك شىركىتى:

# ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى

يېقىندا، H&M قاتارلىق ماركىلار شىنجاڭدا ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» مەۋجۇت دېگەننى باھانە قىلىپ، شىنجاڭ پاختىسىنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىش توغرىسىدا داۋراڭ سالدى. بۇ، بىر تەرەپلىمە قاراش بىلەن تولغان بولۇپ، پۈتۈنلەي تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەنلىك، باشقىچە غەرەزدە بولغانلىق! شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنىڭ قاتناشقۇچىسى، گۇۋاھچىسى ۋە مەنپەئەتلەنگۈچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، شىركىتىمىزدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچى بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ ۋە كۈچلۈك ئەيىبلەيدۇ.

ھازىرقى شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد ئاشتى، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق، مەدەنىيەت راۋاجلاندى، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلاندى، شىنجاڭنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، شىركىتىمىزدىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا گۇۋاھ بولدى، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى ئۈزلۈكسىز ئاشتى، تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى.

خىزمەتچى باھارگۈل ئەخمەت ئاساسىي قاتلامدىكى خىزمەتچىدىن باشقۇرغۇچى خادىم بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدى، ھازىر ئايدا 6000 يۈەندىن ئارتۇق مائاش ئالىدۇ، تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى. خىزمەتچى روزىنىسا جېلىل 2017 - يىلى شىركەتكە يېڭى كەلگەندە ئائىلىسى بىر قەدەر قىيىنچىلىقتا ئىدى، تىرىشىپ ئىشلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى. بۇ يىل ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىككىنچى يۈرۈش ئۆي سېلىشقا تەييارلاندى.

شىركەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەپ، قانۇن بويىچە ئەمگەك توختامى ئىمزالاپ، ئۇلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت مۇقىم كىرىمگە ئېرىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئەمگىكى ۋە تەرى ئارقىلىق تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈردى. پۇقراۋى كارخانا بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنى يارىتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى مۇقىم كىرىمگە ئىگە قىلىمىز.

شىنجاڭنىڭ ياخشى پاختىسىدىن ياخشى پايپاق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان، شىركىتىمىز ئىزچىل شىنجاڭ ئۇزۇن تالالىق پاختىسىنى ئىشلىتىپ كەلدى، ئىشلەپچىقارغان ئەلا سۈپەتلىك پايپاقلار شىنجاڭ ئىچى - سىرتىغا سېتىلدى. شىنجاڭدىكى يەرلىك كارخانا بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز ئىلگىرىكىدەكلا شىنجاڭنىڭ ئەلا سۈپەتلىك پاختىسىنى ئىشلىتىپ، يۇرتىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاممىنى كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشقا يېتەكلەپ، يۇرتىمىزنىڭ تەرەققىياتى، قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇپ، ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرگە ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرىمىز.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۆلەملىشىش، تۈجۈپىلىشىش سەۋىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، پاختا مەھسۇلات مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشتى، شىركەتنىڭ پاختا يىغىۋېلىش مىقدارىمۇ يىلدىن - يىلغا ئاشتى.

«بىز پاختا چىقىش مىقدارىغا ئاساسەن پاختىنى دەرىجىگە ئايرىيمىز، دەرىجىسى يۇقىرى پاختىنىڭ باھاسى يۇقىرى بولىدۇ.» دۇ يۈجۈ مۇنداق دېدى: ئۈسكۈنىلەرنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ماشىنىدا يىغىلغان پاختىنىڭ پاختا چىقىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. مۇخبىرلار ئۇ كۆرسەتكەن يۆنىلىشكە قاراپ، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ پاختىنى قاچىلاپ ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا توشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.

پاختا ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، تىرىپىنى تازىلاش، بۆلۈپ ئوراپ تاياقلاش قاتارلىق بىر قاتار جەريانلار ئارقىلىق چېگىتلىك پاختا ساپ پاختا قىلىپ پىششىقلىنىپ، تايلىنىپ بىرمۇنچە كۆك رەڭلىك تايلانغان پاختىغا ئايلاندۇرۇلدى.

سېختا ئالدىراش ئىشلەۋاتقان خاڭدى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى رەيھانگۈل ئەركىن يېپ ئۆتكۈزۈش، قاپ تىكىشكە ناھايىتى پىششىق ئىدى. «بىر كۈندە ئەڭ كۆپ بولغاندا 200نى تىكەلەيمەن، زاۋۇت ئۆيۈمگە يېقىن، يەنە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايمەن» دېدى رەيھانگۈل.

بۇ يىل، رەيھانگۈل ئائىلىسىنىڭ 14 مو كېۋەزلىكىنى ئوبوروت قىلىۋەتتى، ئېرىمۇ بىر كىشىلىك خىزمەت تاپتى، ئىككىيلەننىڭ ئايلىق كىرىمىنى قوشقاندا 6000 يۈەندىن ئاشتى. «بۇنىڭغا يەر ئوبوروتىدىن كىرگەن پايدىنى قوشقاندا، بىزنىڭ بىر يىللىق كىرىمىمىز 80 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ، پاختا بىزنىڭ بېيىشتىكى يېڭى ئۈمىدىمىزگە تىرەك بولدى» دېدى رەيھانگۈل كەلگۈسىگە بولغان تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

چىگىت ئايرىش زاۋۇتىدا رەيھانگۈلگە ئوخشاش كەنت ئاھالىسىدىن 50ى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ زور بىر قىسمى يەرلىرىنى ئوبوروت قىلىۋەتكەنىدى. «سېتىۋېلىش، پىششىقلاش ئالدىراش چاغدا بىز يەنە ئەتراپتىكى بەزى كەنت ئاھالىلىرىنى ئىشلىتىمىز، ھەربىر ئادەمنىڭ ئايلىق كىرىمى 2500 يۈەندىن 4500 يۈەنگىچە بولىدۇ» دېدى دۇ يۈجۈ.

نۆۋەتتە، مارالبېشى ناھىيەسىدە 31 چىگىت ئايرىش زاۋۇتى بار بولۇپ، ھەرقايسى يېزا - بازارلارغا تارقالغان، ئۇلار بىر تەرەپتىن زاپاس ساقلاش ئامبىرىنى مال مەنبەسى بىلەن تەمىنلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن زور مىقداردىكى ئەمگەك كۈچىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا جەلپ قىلدى.

پاختىچىلىق كەسپىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى نۇرغۇن داشۆ ئوقۇغۇچىسىنى يۇرتىغا قايتىپ ئىگىلىك تىكلەشكە جەلپ قىلدى، ئەكبەر ئوسمان شۇلارنىڭ بىرى. ئەكبەر مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ ئالاغىر يېزىسى زىۋاتال كەنتىدە تۇغۇلغان، 2017 - يىلى 6 - ئايدا جاڭچۈن تېببىي دورىگەرلىك داشۆسىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن بېيجىڭدىكى بىر دورا زاۋۇتىدا ئىشلىدى.

يۇرتىنىڭ پاختىچىلىق كەسپىنىڭ كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، 2018 - يىلى 12 - ئايدا ئەكبەر يۇرتىغا قايتىپ پاختا بىلەن ھەپىلىشىشنى تاللىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ خۇافاڭ پاختىچىلىق شىركىتىنىڭ پاختا سېتىۋالىدىغان شېرىكى. پاختا يىغىۋېلىش مىقدارىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ كىرىمىمۇ ئاشتى. «كېۋەز تېرىقچىلىقى نۇرغۇن كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى، كېيىنكى قەدەمدە مەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، تېمىتىپ سۇغىرىش ھەمدە سولياۋ يوپۇق پىششىقلاش، ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق تەرەپلەرگە مەبلەغ سېلىشنى سىناپ بېقىپ، پاختا سودىسىنى زورايتىمەن» دېدى ئەكبەر.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇشۇنداق سۆزلىشىشلەردە، بىز ئېتىقادنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى ھېس قىلدۇق. ئەسلىي مەقسەت ئۇرۇققا ئوخشايدۇ، ئۇ تۇپراقنى يېرىپ، يىلتىز تارتىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىپ، مېۋە بېرىپ، ھاياتلىقتا ئۇرۇق قالدۇرىدۇ، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، قىزىل مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ.

مۇشۇنداق سۆزلىشىشلەردە، بىزنىڭ قەلبىمىز تاۋلاندى ۋە ئوزۇقلاندى، ھەممىدە غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىز تېخىمۇ چىڭىدى. جۇڭخۇانىڭ قەد كۆتۈرۈشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن، بىز ياشلىق باھارىمىزغا يۈز كېلىپ، خىسلىتىمىزنى ئۆزگەرتمەي، بوران - چاپقۇنغا باش ئەگمەي، باتۇرلۇق - قەيسەرلىك بىلەن ئىلگىرىلەيمىز.

بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇرماقتا. يېڭى مۇساپىدە بىز تارىخ بىلەن سۆزلىشىپ، كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ نېمە ئۈچۈن «قابىل» ئىكەنلىكى، ماركسىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن «يارايدۇ»غانلىقى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن «ياخشى» ئىكەنلىكىنى بىرلىكتە چۈشەندۇق؛ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ بارلىق كۈرەشى ۋە تۆلىگەن بەدىلىنىڭ ئەرزىيدىغانلىقىنى بىرلىكتە ئىسپاتلىدۇق.

ئىنقىلابىي قۇربان چيۇ گۇخۇەي مۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرغان: «غەلىبە قىلغان چاغدا، بىزنى ئۇنتۇپ قالماڭلار!» بۈگۈنكى كۈندە، گۈزەل تاغ - دەريالار قەھرىمانلارنىڭ روھىغا تەسەللى بولالايدۇ، بىز ھەر قېتىم جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەندە، ئاشۇ ئىسىمسىز جاپالىق تىرىشچانلىقنى ۋە قەھرىمانلارنىڭ مەردلەرچە قۇربان بولغانلىقىنى ئەستە چىڭ ساقلايمىز. يېڭى دەۋردە داۋاملاشتۇرۇپ كۈرەش قىلىش قەھرىمانلار - قۇربانلارغا بولغان ئەڭ ياخشى خاتىرىلەش.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭيۈەن شىمالىي يولى 500 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن